قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

QT

# خۇشخۇي شاھزادە



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# خۇشخۇي شاھزادە




ئەسلىي ئاپتورى: ئوسكار ۋىلدې [ ئەنگلىيە ]
ئۆزگەرتىپ تۈزگۈچى: دا مياۋ
تەرجىمە قىلغۇچى: روشەنگۈل تۇرسۇن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى



1. خۇشخۇي شاھزادە ھەيكىلى ئې-
گىز تۈۋرۈك ئۈستىدە تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ
بەدىنىگە ئالتۇن يالىتىلغان بولۇپ، كۆزى-
دە بىر جۈپ يېشىل گۆھەر، شەمشىرىنىڭ
ئۇتقۇچىدىمۇ گۆھەر بار ئىكەن.

2. بىر كۈنى بىر قارلىغاچ ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە ئايلىنىپ ئۇچۇپتۇ. كەچ كىرەي دەپتۇ، قارلىغاچ بىرەر يەر تېپىپ كېچىنى ئۆتكۈزۈۋالماقچى بوپتۇ.



3. قارلىغاچ شاھزادىنىڭ ھەيكىلىنى
كۆرۈپتۇ ـ دە، ئۇچۇپ كەپتۇ. «پاھ، بۇ بىر
ئالتۇن قەسىر ئىكەنغۇ، بۇ يەردە كېچىنى
ئۆتكۈزەيچۇ» دەپ ئويلاپتۇ.



4. قارلىغاچ ھەيكەلنىڭ ئۈستىگە ئەمدىلا قونۇشىغا، بىر تامچە سۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، ئاسماندا يۇلتۇزلار پارقىراپ تۇرغان. «يامغۇرمۇ ياغماپتۇ، ئاجايىپ ئىشقۇ بۇ؟» دەپ تۇرۇشىغا يەنە بىر تامچە سۇ ئېقىپ چۈشۈپتۇ.



5. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، شاھزادىنىڭ كۆزىدىكى ياشنىڭ ئېقىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. قارلىغاچ: «سىز كىم؟» دەپ سوراپتۇ. «مەن خۇشخۇي شاھزادە» دەپتۇ شاھزادە. «خۇشخۇي شاھزادە بولسىڭىز خۇشلۇقىڭىز قېنى؟» دەپتۇ قارلىغاچ.






6. خۇشخۇي شاھزادە كەچۇرمىشنى سۆزلەپ بې-
رىپتۇ: «ئىلگىرى مەن كۆز يېشى دېگەننى پەقەتلا بىلمەيت-
تىم، كىچىككىمدىن تارتىپلا ئوردىدا ئۆستۇم. ھېچقانداق كۆڭۈلسىز ئىشلارنىمۇ كۆر-
مەيتتىم. كۇندە ماڭا يار بو-
لىدىغىنى شاد-خۇراملىق ئى-
دى...»



7. كېيىن مەن ئۆلۈپ كەتتىم، ئۇلار مېنى بۇ ئېگىز تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى. مەن شۇندىلا ئوردىنىڭ سىرتىدا نۇرغۇن كۆڭۈلسىز ئىشلارنىڭ بارلىقىنى بىلدىم. گەرچە مېنىڭ يۈرىكىم قوغۇشۇندىن ياسالغان بولسىمۇ، بۇ كۆڭۈلسىز ئىشلارنى كۆرۈپ كۆز يېشىم توختىمىدى.



8. قارا، ئاۋۇ ئۆيدە بىر بالا ئاغرىپ كارىۋاتتا ياتماقتا! يا يەيدىغىنى، يا ئىچىدىغىنى يوق. ئانىسى كۆز يېشى قىلىپ، بالىسىغا پەقەت داغ سۇلا ئىچكۈزۈۋاتىدۇ.

9. «ھەي قارلىغاچ، سەن مېنىڭ شەمشىرىمنىڭ تۇتقۇچىدىكى قىزىل گۆھەرنى چىقىرىۋېلىپ ئاشۇ بالىغا ئاپىرىپ بەرگىن، بولامدۇ؟ ئۇ بىچارە بەك بىئارام بولۇۋاتىدۇ!» دەپتۇ شاھزادە. قارلىغاچ ئۇ بالىنىڭ شاھزادىگە تاش ئاتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۇندىمەپتۇ.



10. ئەمما خۇشخۇي شاھزادە قايتا-قايتا ئۆتۈنۈپتۇ: «ئۇ بىچارە بەك ئۇسساپ كەتتى!» قارلىغاچ ئامالسىز شەمشەرنىڭ تۇتقۇچىدىكى قىزىل گۆھەرنى چوقۇپ ئېلىپ، ئۇ بالىغا ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇچۇپتۇ.



11. قارلىغاچ قىزىل گۆھەرنى كېسەل بالىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپتۇ. بالىنىڭ ئاپىسى بۇ گۆھەرنى كۆرۈپ قارلىغاچقا رەھمەت ئېيتاي دېگۈچە، قارلىغاچ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.



12. قارلىغاچ شاھ-
زادىنىڭ يېنىغا كېلىپ،
شاھزادىگە: «قىزىق
ئىش، ھاۋا شۇنچە سو-
غۇق، نېمىشقا مېنىڭ يۇ-
رىكىم شۇنچە ئىللىق؟»
دەپتۇ. شاھزادە: «چۈن-
كى سەن بىر ياخشى ئىش
قىلدىڭ، شۇنداقمۇ؟»
دەپتۇ.



13. تاڭ سۈزۈلەي دېگەندە، قارلىغاچ: «ئەمدى مەن يولغا چىقاي» دەپتۇ. «سەن مەن بىلەن يەنە بىر كېچىنى ئۆتكۈزسەڭ بولمامدۇ؟» دەپتۇ شاھزادە. «ياق، مەن توپتىن ئايرىلىپ قالدىم، دوستلىرىمغا يېتىشىۋالمىسام بولمايدۇ.» بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاھزادە ئالدىراپ: «ھەي قارلىغاچ، قارا ئاۋۇ تەرەپكە...» دەپتۇ.



14. «ئاۋۇ تەرەپتىكى بالىخانىدا بىر يىگىت كىتاب يېزىۋاتىدۇ. ئۇ چارچاپ، قورسىقى ئېچىپ كەتكەنلىكتىن يېزىقچىلىقنى داۋاملاشتۇرالمايۋاتىدۇ. سەن چاپسان ئۇڭ كۆزۈمدىكى يېشىل گۆھەرنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بەرگىن!» دەپتۇ.



15. «ياق، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، سېنىڭ كۆزۈڭنى گويۇ-
ۋالسام قانداق بولىدۇ؟» «ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنىڭ دېگىنىمدەك
قىلغىن، ياش يىگىت ياردەمگە موھتاج!» شاھزادە شۇنداق دەپلا
يىغلىۋېتىپتۇ.




16. قارلىغاچ ئىلاجسىز ماقۇل بوپتۇ. ئۇ شاھزادىنىڭ كۆزىدىكى يېشىل گۆھەرنى
چوقۇپ ئېلىپ، ياش يىگىت تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپتۇ.



17. قارلىغاچ بالىخانىغا ئۇچۇپ بېرىپ،يېشىل گۆھەرنى يىگىتنىڭ ئۈستىلىگە ئاستا قويۇپ قويۇپتۇ-دە: «بولدى يىگىت، ئۇخلىمىغىن، بولمىسا سوغۇق تېگىپ قالىدۇ» دەپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. يىگىت ئويغىنىپ ھېلىقى گۆھەرنى كۆرۈپ: «ئەمدى مەن كىتابنى يېزىپ پۈتتۈرەلەيدىغان بولدۇم» دەپ خۇشال بوپتۇ.



18. قارلىغاچ ناھايىتى تېزلا ئۇچۇپ قايتىپ كەپتۇ. «ئەمدى مەن ماڭاي، كېلەر يىلى ئەتىيازدا قايتىشىمدا سىزگە بىر جۈپ گۆھەر كۆز ئالغاچ كېلەي» دەپتۇ. «ياق قارلىغاچ، ياق، سەن ماڭا يەنە بىر قېتىم ياردەم قىلساڭ» دەپ تۇتۇۋاپتۇ شاھزادە.





19. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇ-
رۇپ: «ئاستىمدىكى مەيداندا بىر سە-
رەڭگە ساتقۇچى قىزچاق يىغلاپ ئولتۇ-
رىدۇ. ئۇ سەرەڭگىنى ساتالمىغاچقا،
ئۆيىگە قۇرۇق قول قايتالمايۋاتىدۇ. .
. » . «ياق، ياق يىگىت، بۇنداق قىل-
سام سىز پۈتۈنلەي قارىغۇ بولۇپ قا-
لىسىز. »

20. «ئۇنداق دېمە، ئۇنىڭ دادىسى كېسەل، دورا سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمەيدۇ! ياردەمگە بەك موھتاج بولۇۋاتىدۇ.» شاھزادە شۇنداق دەپلا يىغلىۋېتىپتۇ. قارلىغاچنىڭ كۆزىمۇ نەملىشىپتۇ.





21. قارلىغاچ ئىلاجسىز شاھزادىنىڭ
يەنە بىر كۆزىدىكى يېشىل گۆھەرنى سە-
رەڭگە ساتقۇچى قىزچاققا ئاپىرىپ بېرىپ-
تۇ. قىزچاق ئۆزىنى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك
ھېس قىلىپ: «پاھ، نېمىدېگەن چىراي-
لىق ئەينەك بۇ! تېزرەك دادامغا كۆرسە-
تەي» دەپ ئويلاپتۇ.

22. قارلىغاچ يەنە شاھزادىنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كەپتۇ. «رەھمەت ساڭا قارلىغاچ، ئەمدى دوستلىرىڭغا چاققان يېتىشىۋال» دەپتۇ شاھزادە. بۇنى ئاڭلىغان قارلىغاچ پەقەت ئۇنىماپتۇ. ئۇ: «سىزنىڭ كۆزىڭىز كۆرمەيدۇ، مەن سىزگە مەڭگۈ ھەمراھ بولىمەن» دەپتۇ.





23. «ئۇھ، مەن بەك چارچاپ كەت-
تىم!» قارلىغاچ شۇنداق دەپلا شاھزادىنىڭ
ئايىغى ئاستىدا يېتىپ، تاتلىق ئۇيقۇغا كې-
تىپتۇ.

مەسئۇل مۇھەررىرى : **ماھىنۇر غوپۇر**

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى : **ئازات بارات**



ISBN 978-7-80547-813-5

9 787805 478135 >

总定价:12.00元 每册价:2.00元(维)